# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 11 - ئاي
24
سەيشەنبە
维吾尔文 11月24日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65－0002/－W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25255 - سان بۈگۈن 4 بەت

## ئەمگەك ئارزۇغا تىرەك بولدى، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ شانلىق سەھىپە يېزىلدى

### —— يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى فەن شى، چې جۈشى، جاۋ ۋېنجۈن، ۋېي يۈكۈن

خەلق تارىخنى يارىتىدۇ، ئەمگەك كەلگۈسىنى بەرپا قىلىدۇ.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى باشتىن - ئاخىر جان - دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بىر قاتار تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلارنى چىقىرىپ، يېڭى دەۋردىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى توپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى، ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

كەڭ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر شان - شەرەپنى قەدىرلەپ، خىسلىتىنى ساقلاپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شى جىنپىڭ دۇنيا ئالاقە تورى يىغىنى . ئالاقە تورى تەرەققىيات مۇنبىرىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۇنيا ئالاقە تورى يىغىنى · ئالاقە تورى تەرەققىيات مۇنبىرى 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جېجياڭ ۋۇجېندا باشلاندى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ مۇنبەرگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: بۈگۈنكى دۇنيادا، يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپ ئۆزگىرىشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، رەقەملىك تېخنىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن بۇيان، يىراقتىن داۋالاش، تور مائارىپى، ھەممىبەھرە سۇپا، ھەمكارلىشىپ ئىش بېجىرىش قاتارلىقلار كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلدى، ئالاقە تورى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەت ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگو دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە، ئۇچۇر ئىنقىلابىدىكى تارىخىي پۇرسەتنى ئىگىلەپ، ئىجادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەركەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈپ، رەقەملىك ھەمكارلىقنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىپ، تور بىخەتەرلىكى يېڭى ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، تور بوشلۇقى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىپ، قول تۇتۇشۇپ ئىنسانىيەتنىڭ تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىشنى خالايدۇ.

## ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرايلى

**خەلق گېزىتى**
**باش ماقالىسى**

ئەمگەك ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان تۈپ كۈچ. دىل ئەمگەك - ئىجاد قىلىش بولغاچقا، بىز شانلىق تارىخقا ئىگە بولدۇق؛ شۇنداقلا ئەمگەك - ئىجاد قىلىش بولغاچقا، بىز بۈگۈنكىدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئىگە بولدۇق.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، چىگىش، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت، مۈشكۈل، ئېغىر دۆلەت ئىچى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىپ، تۈرلۈك خەۋپ - خەتەر، خىرىسلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرى پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدە ئالغا قاراپ يېڭى بىر چوڭ قەدەم تاشلاندى، سوتسىيالىستىك جۇڭگو تېخىمۇ ھەيۋەتلىك قىياپەتتە دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈردى. بۇ ئۇلۇغ ئەمەلىيەت داۋامىدا، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتە ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپىنى قەدىرلەيدىغان، جاسارەت بىلەن يېڭىلىق يارىتىدىغان، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئالىدىغان، شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلايدىغان زور بىر تۈركۈم ئىلغار، نەمۇنىچى شەخسلەر بارلىققا كەلدى، ئۇلار ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى، دەۋر ئۈلگىلىرى، جۇمھۇرىيەتنىڭ تۆھپىكارلىرى. يېقىندا، 2020 - يىللىق مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ تەقدىرلىنىدىغانلار نامزاتلىرى ئېلان قىلىنىپ كەڭ دىققەتنى قوزغىدى، بۇ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەمگەكنىڭ قىممىتىنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ 1 - تۈركۈمنى خۇلاسىلەش ھەم 2 - تۈركۈمنى باشلاش يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

## نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنىڭ تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ 1 - تۈركۈمنى خۇلاسىلەش ھەم 2 - تۈركۈمنى باشلاش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىندا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە 1 - تۈركۈمدىكى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى، 2 - تۈركۈمدىكى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جاڭ چۈنلىن، ۋەن خېيچۈەن، ما شىڭچىڭ يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۈەنگو نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە 1 - تۈركۈمدىكى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركىزىي شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە 2 - تۈركۈمدىكى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى جېڭىدە غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى توغرا سانلىق مەلۇمات تىرەكى بىلەن تەمىنلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنىڭ تارىخ ۋە خەلقنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئومۇمىي تەلەپنى ئىگىلەپ، «ئاپتونوم رايون بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، تارماقلار ئىش تەقسىملەپ ھەمكارلىشىش، جايلار دەرىجىگە ئايرىپ مەسئۇل بولۇش، ھەرقايسى تەرەپلەر ئورتاق قاتنىشىش» پرىنسىپى بويىچە، نازارەت باشقۇرۇش، ھالقىپ باشقا جايدا تەكشۈرۈش شەكلىنى قوللىنىپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، نىشان ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق، ئىلمىي، قېلىپلاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇش كېرەك. يولغا قويۇش لايىھەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش لايىھەسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، نۇقتىلىق ھالقىلارنى ئىگىلەپ، تەرتىپنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. سانلىق مەلۇمات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، سانلىق مەلۇمات سۈپىتىنى بىرىنچى ئورۇندىكى تەلەپ سۈپىتىدە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانى، ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈپ، سانلىق مەلۇمات سۈپىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىپ، جەريانلىق سۈپەت باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. قوللاش،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشىنى ئۆتكۈزدى

## مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ 2020 - يىللىق 11 - قېتىملىق نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 20 - قېتىملىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 20 - قېتىملىق يىغىنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا 1 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن 54 كىشى يىغىنغا قاتناشتى، بۇ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

نۇرلان ئەبىلمەجىن سىياسىي كېڭەش ئورگىنىدا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى

## پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئورگىنىدا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ۋاڭ جۈنجېڭ پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىگەندە مۇنداق تەكىتلىدى

## يېڭى دەۋردە بىڭتۇەننىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ شياۋيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ جىڭۋېيى ۋاڭ جۈنجېڭ بىڭتۇەندە پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىڭتۇەندىكى ھەر دەرىجىلىك،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر مۇكاپاتىنى تارقىتىش يىغىنى ئېچىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر مۇكاپاتىنى تارقىتىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



**قار سەيلىسى قىلىش**

**11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ساياھەتچىلەر تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىدا قار مەنزىرىسىنى تاماشا قىلماقتا. قىشلىق ۋە ئەتىيازلىق ساياھەت پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى قار - مۇز مەنزىرىسى، قار - مۇز كۆڭۈل ئېچىشى، قار - مۇز ساغلاملىق - كۆتۈنۈشى، قار - مۇز مۇسابىقىسى، قار - مۇز ئىستىراھىتى قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تۈرلەرنى يولغا قويۇپ، ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى.**
□ خې لۇڭ فوتوسى